100 يىللىق كۈرەش يولى يېڭى مۇساپىگە ئاتلىنىش

ۋەدە بەرگەن ئىكەنمەن، جەزمەن بىر ئۆمۈر قوغدايمەن

—— مەن نەنخۇ كۆلىدىكى قىزىل كېمىنى قوغداۋاتىمەن

☐ **شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرلىرى يۈەن جېنيۈ، يۈ ۋەن**

«ئىنقىلاب ساداسى سەيلە كېمىسىدىن ياڭراپ، كوممۇنىستىك پارتىيە دۇنياغا كېلىپ، ئىشچى-دېھقانلار خۇشال بولدى.» جېجياڭ جياشىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى 1-قۇرۇلتىيى نەنخۇ كۆلى يىغىنى ئېچىلغان جاي، شۇنداقلا جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ قىزىل كېمىسى يولغا چىققان جاي. ئەۋلادمۇ ئەۋلاد «قىزىل كېمىچى»لەر ھاياتى ئارقىلىق قىزىل كېمىنى قوغداپ، ئەڭ سەممىي ھېسسىياتى ئارقىلىق قىزىل كېمە ھېكايىسىنى بايان قىلىپ كەلمەكتە.

كېمە ياساش

1921-يىلى يازدا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەملىكەتلىك 1-قۇرۇلتىيى شاڭخەيدىن جياشىڭ نەنخۇ كۆلىدىكى بىر سەيلە كېمىسىگە يۆتكىلىپ ئۆتكۈزۈلۈپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ دۇنياغا كەلگەنلىكى تەنتەنىلىك جاكارلاندى. بۇ سەيلە كېمىسى شۇ سەۋەبتىن مەڭگۈ جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ تارىخ سەھىپىسىگە يېزىلغان قىزىل كېمە دېگەن نامغا ئېرىشىپ، جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ مەنبەسىنىڭ سىمۋولى بولۇپ قالدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندا بۇ سەيلە كېمىسىنىڭ ئىز-دېرىكىنى قىلىش تەسكە چۈشكەنىدى. 1959-يىلى، نەنخۇ كۆلى ئىنقىلابىي خاتىرە سارىيىنى قۇرۇشقا تەييارلىق كۆرۈش باشلاندى. ھازىرقى سارايى باشلىقى جاڭ شيەنيى ئەسلەپ مۇنداق دېدى: سارايى قۇرۇشتىكى ھالقىلىق مەسىلە كېمىنى قايتىدىن ئەسلىگە كەلتۈرۈپ ياساش مەسىلىسى ئىدى. كۆپ تەرەپ دەلىللەش ۋە ئىنچىكىلىك بىلەن ئەسلىگە كەلتۈرۈشتىن كېيىن، بېيجىڭغا ئېلىپ بېرىلغان كېمە مودېلى ئېتىراپ قىلىنىشقا ئېرىشتى. جەددىي قۇرۇلۇش قىلىش ئارقىلىق، 1959-يىلى 10-ئاينىڭ 1-كۈنىدىن بۇرۇن نەنخۇ كۆلىدىكى قىزىل كېمە كۆك ئاسمان، سۈزۈك سۇ ئارىسىدا قايتا پەيدا بولدى.

«كۆپ قىسىم كېمە گەۋدىسىنى ياساشقا دادام، ئىككى يېزنەم، ھەمساۋاق ئاكام ۋە مەن قاتناشقانىدۇق.» جياشىڭ كېمىسازلىق زاۋۇتىنىڭ سابىق مۇئاۋىن زاۋۇت باشلىقى شياۋ خەيگېن ئەينى يىلى كېمە ياسىغان چاغدىكى ئەھۋالنى تىلغا ئېلىپ مۇنداق دېدى: «كۆپچىلىك ئىسمىنا قوشۇپ ئىشلەپ، ھەر كۈنى كەچتە ئۆيگە قايتمايتتى، ھېرىپ كەتسە كىچىككىنە بىر ئۆيدە ئارام ئالاتتى».

گۇاڭشىدىن يۆتكەپ كېلىنگەن كونا شەمشاد ياغىچى، جياڭسۇدىن تەكلىپ قىلىنغان ئەڭ ياخشى نەقىش ئويۇش ئۇستىسى، پالاق، لىم، چۈشۈق كارىۋات، مېيخۇا گۈللۈك قوزۇق، قايتا-قايتا ئىنچىكىلىك بىلەن سىلىقلاش، تۈجۈپىلەپ نەقىش ئويۇش...

«كېمە گەۋدىسى بىنەپشە رەڭلىك سىر بىلەن سىرلانغان بولۇپ، بۇ خىل سىردا سىرلاشنىڭ مۇھىت تېمپېراتۇرىسىغا بولغان تەلىپى ناھايىتى يۇقىرى ئىدى، جەزمەن 25 سېلسىيە گرادۇس ئەتراپىدا بولۇشى كېرەك ئىدى. لېكىن بىزدە ئۇ ۋاقىتتا ھاۋا تەڭشىگۈچ، شامالدۇرغۇچنىڭ ھېچقايسىسى يوق ئىدى، قانداق قىلىش كېرەك؟ كۆپچىلىك يەرلىك چارە ئويلاپ تاپتى، گاز ئوچاقتا قازان ئېسىپ سۇ قايناتتۇق، پۈتۈن ئۆي ھورغا تولدى، مۇشۇنداق چارە بىلەن تېمپېراتۇرىنى ساقلىدۇق» دېدى شياۋ خەيگېن.

نەچچە ئون يىل ئۆتۈپ كەتتى، ئۆزگەرمىگىنى ھۈنەرۋەنلەرنىڭ ئەسلىي مەقسىتى. «ئۇ چاغدا كېمە ياسىغاندا ھېچكىم پۇلنى كۆزلىمىدى، بەلكى چەكسىز شەرەپ ھېس قىلدى. قىزىل كېمە تىلغا ئېلىنسىلا ئىچ-ئىچىمدىن خۇشال بولىمەن.» شياۋ خەيگېن مۇنداق دېدى: «ئۆمرۈمدە 30 نەچچە خىل كېمە ياسىدىم، بۇ قىزىل كېمىنى ياساشقا قاتناشقانلىقىمدىن ئۆزۈمنى ئەڭ بەختلىك ھېس قىلىمەن».

كېمىنى قوغداش

20-ئەسىرنىڭ 90-يىللىرىدا، شياۋ خەيگېن قىزىل كېمىنىڭ يېنىدا نەنخۇ كۆلى ئىنقىلابىي خاتىرە سارىيىنىڭ خىزمەتچىلىرىگە دوكلات بەردى، دوكلاتنى ئاڭلىغۇچىلار ئىچىدە جاڭ شىنجى ئىسىملىك كېمە قوغدىغۇچى بىر ياش ئىشچى بار ئىدى. 30 يىلغا يېقىن ۋاقىتتىن بۇيان، ئۇ نەنخۇ كۆلىدىكى قىزىل كېمىنىڭ سادىق قوغدىغۇچىسى بولۇپ كەلدى.

«ئادەتتىكى ياغاچ كېمىلەرنى بۇنداق كۆپ يىل ساقلاش ناھايىتى تەس. لېكىن نەنخۇ كۆلىدىكى قىزىل كېمە ئوخشىمايدۇ، بۇ بىزنىڭ ئانا كېمىمىز، ھەرقانداق بەدەل تۆلەشتىن باش تارتماي ئۇنى ياخشى قوغدىشىمىز كېرەك.» 1985-يىلى، جاڭ شىنجى نەنخۇ كۆلى ئىنقىلابىي خاتىرە سارىيىغا خىزمەتكە چۈشۈپ، ئاساسلىقى قىزىل كېمىنى رېمونت قىلىش، قوغداش قاتارلىق خىزمەتلەرگە مەسئۇل بولدى.

يىلدا بىر قېتىم كىچىك رېمونت قىلىنىدۇ، ئىككى يىلدا بىر قېتىم چوڭ رېمونت قىلىنىدۇ. ھەر قېتىم رېمونت قىلغاندا جاڭ شىنجى ۋە خىزمەتداشلىرى قىزىل كېمىدىكى 1000 دىن ئارتۇق زاپچاسنى بىر-بىرلەپ تەكشۈرىدۇ. تومۇز مەزگىلىدە، ئۇلار پىژغىرىم ئىسسىقتا قىزىل كېمىدىكى ياغاچ تاختىغا تۇڭگۇ دەرىخى مېيى سۈركەيدۇ. تۇڭگۇ دەرىخى مېيىنى سەككىز قېتىم سۈركەيدۇ، بىر قەۋەت سۈركەپ بولغاندىن كېيىن، ئاپتاپتا قۇرۇتۇپ، يەنە بىر قەۋەت سۈركەپ، تۇڭگۇ دەرىخى مېيىنىڭ ياغاچ تاختىغا تولۇق سىڭىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىدۇ. «يازدا باشقىلار يامغۇر يېغىپ تېمپېراتۇرىنىڭ تۆۋەنلىشىنى ئۈمىد قىلسا، بىز يامغۇر يېغىپ كېمىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە دەخلى يېتىشىدىن ئەنسىرەيمىز، پەقەت تۇڭگۇ دەرىخى مېيى سۈركەشتىن ئىبارەت بۇ ئىش تەرتىپىگىلا 50 نەچچە كۈن كېتىدۇ».

تەيفېڭ بورىنى چىققاندا، جاڭ شىنجى ۋە خىزمەتداشلىرى ھەر ۋاقىت قىزىل كېمىنىڭ يېنىدا تۇرۇپ قوغداپ، شامال يۆنىلىشى ۋە سۇ ئورنىغا ئاساسەن، قىزىل كېمىنى سۆرەپ بوراندىن دالدا ئورۇنغا توختىماي يۆتكەيدۇ؛ سوغۇق ئېقىم ھۇجۇم قىلغاندا، ئۇلار سۆڭەكتىن ئۆتكۈدەك سوغۇق كۆل سۈيىدىن قورقماي قىزىل كېمىدىكى مۇز، قىروۋ ۋە يىغىلىپ قالغان قارلارنى تازىلايدۇ...

2018-يىلى، جاڭ شىنجى شەرەپ بىلەن پېنسىيەگە چىققان بولسىمۇ، يەنىلا دائىم مېھمانلارنى، دوستلىرىنى باشلاپ قىزىل كېمە يېنىغا بېرىپ ھېكايە سۆزلەپ بېرىدۇ. «نەگىلا بارسام، ئۆزۈمنى مەن نەنخۇ كۆلىدىكى قىزىل كېمىنى رېمونت قىلغۇچى دەيمەن» «كىچىك كېمىدە ئۇلۇغ پارتىيە دۇنياغا كەلدى، قىزىل كېمە روھى جۇڭگوغا يېتەكچىلىك قىلماقتا. قىزىل كېمىنى قوغداش نېمدېگەن شەرەپلىك ئىش-ھە».

كېمىنى مەدھىيەلەش

جاڭ شىنجىنىڭ خوتۇنى ۋە قىزى نەنخۇ ئىنقىلابىي خاتىرە سارىيىنىڭ چۈشەندۈرگۈچىلىرى. خوتۇنى شۇ جىنچياۋ ئىلگىرى جياشىڭ رايونلۇق جىڭجۇ تىياتىر ئۆمىكىدىكى باش خۇادەن بولۇپ، 1984-يىلى نەنخۇ ئىنقىلابىي خاتىرە سارىيىغا بېرىپ خىزمەت قىلغان. قىزى جاڭ يى كىچىكىدىن نەنخۇ كۆلى بويىدا چوڭ بولغان، بۈگۈنكى كۈندە قىزىل كېمە يېنىدىكى داڭلىق چۈشەندۈرگۈچى.

«ئاتا-ئانام مېنىڭ خىزمەتتىكى ياخشى ئۇستازىم ۋە ئوبدان دوستۇم، بىز ئۈچىمىز بىللە پاراڭلاشسىمىز، گېپىمىز ھەمىشە ‹نەنخۇ كۆلى› ۋە ‹قىزىل كېمە›دىن ئايرىلمايدۇ.» جاڭ يى مۇنداق دېدى: «ئاپام ماڭا چۈشەندۈرگۈچىنىڭ كۆرۈنۈشتە لاتاپەتلىك بولۇشىنى، لېكىن جاپاغا چىداشقا تەييار تۇرۇشىنى، شەخسىي ساپاسىغا قويۇلىدىغان تەلەپنىڭ ناھايىتى يۇقىرى ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. دادام ماڭا نەنخۇ كۆلىدىكى قىزىل كېمىنىڭ ھېكايىسىنى ياخشى سۆزلەشنىڭ شەرەپلىك ھەم مۇشكۈل بۇرچ ئىكەنلىكىنى، ئارالنى ئۆي، سارايىنى ئۆي دەپ بىلىش كېرەكلىكىنى ئېيتتى...»

مۇشۇ يىللاردا، جاڭ يى قىزىل كېمىنى كۆرگىلى كەلگەن نۇرغۇن كىشىنى كۈتۈۋالدى. ئېكسكۇرسىيە قىلغۇچىلار ئۇنىڭ بايانىنى ئاڭلىدى، ئۇمۇ ئېكسكۇرسىيە قىلغۇچىلاردىن تەسىرلەندى. جاڭ يى ئىلگىرى 80 ياشتىن ئاشقان بىر پېشقەدەم قىزىل ئارمىيە جەڭچىسىنى كۈتۈۋالغانىدى، بوۋاي چاقلىق ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ، قىزىل كېمىگە قارىغىنىچە ناھايىتى ھاياجانلانغان. ئۇ جاڭ يىغا، ئۆزىنىڭ ياشىنىپ قالغانلىقىنى، ئەڭ چوڭ ئارزۇسىنىڭ جياشىڭدىكى نەنخۇ كۆلىگە بېرىپ، قىزىل كېمىنى ئۆز كۆزى بىلەن قايتا كۆرۈش ئىكەنلىكىنى ئېيتقانىدى.

«ئەجدادلار ماڭا ئۈلگە تىكلەپ بەردى، ھازىر، مەن ئەۋلادلارغا ئۈلگە تىكلەيمەن!» دېدى جاڭ يى.

(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، خاڭجوۋ، 1-ئاينىڭ 21-كۈنى تېلېگراممىسى)

(بېشى 1-بەتتە)

«بۇلتۇر 10-ئايدا، مۇلازىمەت يولغا قويۇلۇشى بىلەنلا، ياخشى باھالار ئۈزۈلمىدى.» بۇ مەركەزنىڭ مەسئۇلى ۋاڭ جىڭ مۇنداق دېدى: تۈنجى تۈركۈمدىكى «بىر ئىش»نى بىر يۈرۈش بېجىرىش 157 تۈرلۈك ئىشقا چېتىلىدىغان بولۇپ، بازار ئىجازىتى، سۇچىلىق، تۇرالغۇ ۋە شەھەر-يېزا قۇرۇلۇشى، كۆچمەس مۈلۈك سودىسىنى تىزىملاش قاتارلىق تۈرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، «كەسىپ بېجىرىشتىن بۇرۇن، شەھەر ئاھالىلىرى ئالدى بىلەن زال مۇلازىمەت سۇپىسىدا خىزمەتچى خادىملاردىن مەسلىھەت سوراپ، كېرەكلىك ماتېرىياللارنى تولدۇرسا ۋە تەييارلىسا بولىدۇ. ئاندىن كېيىن، خىزمەتچى خادىملار شەھەر ئاھالىلىرىنى مۇناسىپ كۆزنەككە بېرىپ ‹بىر كۆزنەكتە بېجىرىش›كە يېتەكلەيدۇ».

«ئىلگىرى ئىش بېجىرىشتە بىرنەچچە تارماققا قاترايتتۇق. دائىم ئۆچرەتتە تۇرۇپ نۆۋىتىمىز كەلگەندە ئاندىن ماتېرىياللارنىڭ تولۇق ئەمەسلىكىنى بىلەتتۇق، يەنە قايتىدىن بېجىرىشىمىزگە توغرا كېلەتتى. ھازىر مۇلازىمەت سۇپىسىدىكى خىزمەتچى خادىملار ئالدىن ياردەملىشىپ ماتېرىياللارنى سېلىشتۇرۇپ بېرىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەرقايسى تارماقلارنىڭ ئىش بېجىرىش كۆزنىكى بىر جايدا بولغاچقا، ئۇياق-بۇياققا قاتراشنىڭ ھاجىتى يوق، ئىنتايىن قولايلىق بولۇپ، ۋاقىتنى، زېھنىنى تېجەپ قالغىلى بولىدۇ» دېدى نۇرىمانگۈل قادىر.

«پارتىيە 19-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5-ئومۇمىي يىغىنىدا ھۆكۈمەت ئىشلىرى مۇلازىمىتىنى ئۆلچەملەشتۈرۈش، قېلىپلاشتۇرۇش، قولايلاشتۇرۇشنى ئالغا سىلجىتىش ئوتتۇرىغا قويۇلدى. بۇنىڭدىن كېيىن، بىز كارخانا ۋە ئاممىنىڭ ئىش بېجىرىش تەسىراتىنى ئۈزلۈكسىز ئەلالاشتۇرۇپ، تىجارەت-سودا مۇھىتىنى ياخشىلاش تەدبىرلىرىنى ئىنچىكە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، پۇختا ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا خەلققە قولايلىق يارىتىمىز، خەلققە نەپ يەتكۈزىمىز. بىز بۇ يىل ئىچىدە ‹باشقا جايدا ئومۇمىيۈزلۈك بېجىرىش› كەسپىنى يولغا قويۇپ، تېخىمۇ ياخشى تىجارەت-سودا مۇھىتى ۋە تېخىمۇ سەممىي مۇلازىمەت بىلەن تەمىنلەشنى پىلانلىدۇق» دېدى ۋاڭ جىڭ.

(بېشى 1-بەتتە)

كومپيۇتېر زاپچاسلىرى، كىچىك ئائىلە ئېلېكتىر سايمانلىرى، شوخلا قىيامى، ياڭاق، ئۆرۈك مۇرابباسى قاتارلىق مەھسۇلاتلار كۆپەيتىلدى؛ قايتىشتىكى مال قاچىلاش نىسبىتى 100%كە يەتتى. «نۆۋەتچى پويىز ھەم لىق يۈك بېسىپ ماڭىدۇ، ھەم لىق يۈك بېسىپ قايتىدۇ، بۇ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يەرلىك مەھسۇلاتلىرى ۋە كارخانىلىرىنىڭ ‹قوش ئايلىنىش› يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسىگە تېخىمۇ ياخشى سىڭىشىگە ئۈنۈملۈك ياردەم بەردى» دېدى ۋاڭ جىشى.

تاموژنىغا مەلۇم قىلىش خادىمى ۋاڭ جىنسۇڭ مۇنداق دېدى: «بۇلتۇر قوللانغان ‹ئىشلەپچىقىرىلغان جايدا يۈك تەشكىللەپ يىغىش + مەخسۇس پويىز تاموژنىدا يۆتكەپ توشۇش› ئەندىزىسى يەرلىكتىكى پىششىقلاش كارخانىلىرىغا ئىنتايىن پايدىلىق بولدى. پورتتا ئېلتىماس قىلىش ئەنئەنىۋى ئەندىزىسى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ‹ئىشىك ئالدىدا› يۈك تەشكىللەپ يىغىش ۋە ئېكسپورتنى ئېلتىماس قىلىشنى تاماملاش ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ، ئامباردا ساقلاش ھەققى ۋە تۇرۇپ قېلىش ھەققى تۆۋەنلىتىلدى. بۇلتۇر مەن پولات ماتېرىياللىرىنىڭ تاموژنىدىن ئۆتۈش رەسمىيىتىنى 30 مەنۇتتىلا ۋاكالەتەن بېجىرىپ بولدۇم، تاموژنىدا يۆتكەش ئەندىزىسى ئارقىلىق چېگرادىن چىقىش ئېغىزىغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن بىۋاستە ئۆتەلەيمىز».

ئۈرۈمچى-سانجى تاموژنىسى پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، تاموژنا باشلىقى گۇ جيەن مونۇلارنى بىلدۈردى: بۇلتۇر ئۈرۈمچى-سانجى تاموژنىسى ئۈرۈمچى خەلقئارا قۇرۇقلۇق پورتى رايونىدىكى جۇڭگو-ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزى يىغىلىش مەركىزىنىڭ تەرەققىياتىغا مەدەت بېرىدىغان سەككىز تۈرلۈك تەدبىرنى تۈزۈپ، مەخسۇس كۆزنەك تەسىس قىلىپ، 24 سائەت ئالدىن كېلىشىپ تاموژنىدىن ئۆتكۈزۈش، «AEO» ئېتىراپنامىسىگە ئېرىشكەن كارخانىلارنىڭ تاموژنىدىن ئۆتۈش رەسمىيىتىنى ئالدىن بېجىرىش قاتارلىقلارنى يولغا قويدى. بۇ يىل ئادەم كۈچى ۋە تېخنىكا بايلىقىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەڭشەپ تەقسىملەپ، ئۇچۇرلاشتۇرۇپ باشقۇرۇش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈپ، تاموژنىنىڭ قۇرۇقلۇق پورتى رايونىدا نازارەت قىلىش-باشقۇرۇش ئەندىزىسىنى ئىسلاھ قىلىش، يېڭىلىق يارىتىش ئۈستىدە يەنىمۇ ئىزدىنىپ، شىنجاڭنىڭ يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى يادرولۇق رايونى قۇرۇلۇشىغا كۈچ قوشىمىز.

(بېشى 1-بەتتە)

بۇ لېكسىيە پائالىيەتلىرىدە ئاممىنىڭ ئوخشاش بولمىغان ئەھۋالىغا ئاساسەن ئىنچىكىلەشتۈرۈش، پەرقلەندۈرۈش ياخشى ئىشلىنىپ، نىشانلىق ئوق ئېتىلىپ، دەل جايىدا لېكسىيە سۆزلىنىپ، ھەم مەزمۇنى ياخشى ئىگىلەشتە مەنىۋى ماھىيەتلىك مەزمۇنى چوڭقۇر قېزىلىپ، ھەم شەكىل جەھەتتە جانلىق، ھەرىكەتچان بولۇشقا تەڭ ئېتىبار بېرىلگەچكە، ھەقىقىي ئەمەلىي ئۈنۈم قولغا كەلتۈرۈلدى.

ئەمەلىي ئۈنۈمنى قوغلىشىش «تۈجۈپىلەپ ئىشلەش»كە موھتاج. لېكسىيە سۆزلەشتىن بۇرۇن، كۆپ لىنىيە، كۆپ يوللار ئارقىلىق ئاممىنىڭ ئېھتىياجىدىن خەۋەردار بولۇپ ۋە ئۇنى ئىگىلەپ، مەزمۇن ۋە شەكىلدە ئاممىنىڭ ئېھتىياجىغا تېخىمۇ يېقىنلىشىپ، ئاساسىي قاتلامنىڭ ئەمەلىيىتىگە ھەقىقىي سىڭدۈرۈپ، ئاممىغا لېكسىيە «ئوزۇقلۇقى»نى تېخىمۇ دەل جايىدا قوبۇل قىلدۇرۇپ، ھەم «ئۇسسۇزلۇقنى قاندۇرۇش»، ھەم «مېڭىنى قۇۋۋەتلەش» ئارقىلىق، پارتىيەنىڭ يېڭىلىق يارىتىش نەزەرىيەسىنى كاللىغا، قەلبكە سىڭدۈرۈشكە تېخىمۇ ياخشى تۈرتكە بولۇش كېرەك. پەقەت ئاممىا بىلەن پىكىر ئالماشتۇرىدىغان كۆۋرۈك سېلىپ، چوڭقۇر نەزەرىيە بىلەن پۇقرالارنىڭ رېئال ئېھتىياجى ئارىسىدىكى ھەمتۈرتكىلىكنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، يۇقىرىنىڭ سىياستىگە «ئۇيغۇنلىشىپ»، تۆۋەندىكى ئاممىغا «ماس كەلگەندە»لا، ئاساسىي قاتلام لېكسىيەسى ئاندىن ئاممىنىڭ قەلب دەرۋازىسىنى ھەقىقىي ئېچىپ، ئاممىنىڭ كۈچىنى مۇجەسسەملىيەلەيدۇ.

(«سۆز ھەممىگە» ئىستونىغا ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbplb@126.com)

مەھەللە ۋە ئاھالىلەر ئولتۇراق رايونلىرى مۇھىت تازىلىقىنى تۈزەشنى كۈچەيتىشى كېرەك

مۇداپىئە كۆرسەتمىسى

ئانار بولۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى **چاۋ جىن** خەۋەر قىلىدۇ: چاغان يېقىنلىشىپ قالدى، مەھەللە ۋە ئاھالىلەر ئولتۇراق رايونلىرى قانداق قىلغاندا مۇداپىئەلىنىشنى ياخشى ئىشلىيەلەيدۇ؟ كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش-تىزگىنلەش مۇتەخەسسىسى مۇنداق ئەسكەرتتى: مۇھىت تازىلىقىنى تۈزەش، كۈندىلىك ئەخلەتنى كۈندە تازىلاشنى كۈچەيتىش كېرەك، بىراق سىرتنى كەڭ كۆلەمدە دېزىنفېكسىيەلەشتىن ساقلىنىش، قويۇقلۇق دەرىجىسى يۇقىرى دېزىنفېكسىيەلەش سۇيۇقلۇقى بىلەن ئالدىنى ئېلىش خاراكتېرلىك دېزىنفېكسىيەلەشتىن ساقلىنىش كېرەك.

«مەھەللە ۋە ئاھالىلەر ئولتۇراق رايونلىرى ئالدى بىلەن يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش-تىزگىنلەشتىكى باشقۇرۇش تۈزۈملىرىنى قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈرۈشى كېرەك.» ئاپتونوم رايونلۇق كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش-تىزگىنلەش مەركىزى دېزىنفېكسىيەلەش-يۇقۇملىنىشنى تىزگىنلەش مەركىزىنىڭ مۇدىرى ياڭ خۇڭسەي مونۇلارنى ئەسكەرتتى: پاكىز تازىلاش دېزىنفېكسىيەلەشنىڭ بىرىنچى قەدىمى، مەھەللە ۋە ئاھالىلەر ئولتۇراق رايونلىرى مۇھىت تازىلىقىنى تۈزەشنى كۈچەيتىپ، مۇھىتنىڭ پاكىزلىقىنى ساقلىشى كېرەك. مەخسۇس ئادەم بەلگىلەپ بىنا كارىدورىدىكى پەلەمپەي تۇتقۇچى ياكى لىفت كۇنۇپكىسى قاتارلىق قول بىلەن كۆپ ئۇچرىشىدىغان جايلارنى قەرەللىك (كۈندە ئىككى-ئۈچ قېتىم) پاكىز تازىلاش ۋە دېزىنفېكسىيەلەش، ئاممىۋى رايونلارنىڭ ھاۋاسىنى ئالماشتۇرۇشنى كۈچەيتىش كېرەك. كۈندىلىك ئەخلەتنى كۈندە تازىلاش، تازىلىقتىكى ئۆلۈك بۇلۇڭلارنى تازىلاش، سىرتنى كەڭ كۆلەمدە دېزىنفېكسىيەلەشتىن ساقلىنىش، قويۇقلۇق دەرىجىسى يۇقىرى دېزىنفېكسىيەلەش سۇيۇقلۇقى بىلەن دېزىنفېكسىيەلەشتىن ساقلىنىش، دېزىنفېكسىيەلەش سۇيۇقلۇقىنىڭ بۇيۇملارنى چىرىتىشىنى ئازايتىش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىللە، دېزىنفېكسىيەلەش سۇيۇقلۇقىنى ياخشى ساقلاپ، بىخەتەرلىك يوشۇرۇن خەۋپىنى تۈگىتىش كېرەك. دېزىنفېكسىيەلەشنىڭ ئۈنۈمىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، دېزىنفېكسىيە سۇيۇقلۇقىنى ئىشلىتىدىغان چاغدا تەڭشەش كېرەك. دېزىنفېكسىيەلەپ مىكروب ئۆلتۈرۈش خادىملىرى ماسكا تاقاپ ۋە پەلەي كىيىپ شەخسىي مۇداپىئەلىنىشنى ياخشى قىلىشى كېرەك.

«ۋىرۇسنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ بىرى ئىسسىققا چىدىمايدۇ، سوغۇققا چىدامىلىق، تۆۋەن تېمپېراتۇرىلىق شارائىتتا ۋىرۇسنىڭ ياشاش ۋاقتى ئۇزىرايدۇ، ئۇنىڭدىن قالسا ھاۋا سوغۇق، شامال ياخشى ئۆتۈشمەگەچكە، قىش پەسلىدە يۇقۇملىنىش خەۋپ-خەتىرى چوڭ بولىدۇ.» ياڭ خۇڭسەي كۆپچىلىككە مۇنداق تەكلىپ بەردى: زۆرۈر بولمىسا سىرتقا چىقماسلىق، توپلىشىشنى ئازايتىش، سىرتقا چىقىش زۆرۈر بولسا، ئىسسىق ساقلاش تەدبىرى ۋە شەخسىي مۇداپىئەلىنىشنى ياخشى قىلىش، ماسكىنى ياخشى تاقاش، بىر مېتىردىن يىراق ئارىلىق ساقلاش كېرەك. ئاممىۋى قاتناش قورالى، لىفت قاتارلىق يېپىق سورۇنلاردا باشتىن-ئاخىر ماسكا تاقاش، ئاممىۋى بۇيۇملارنى قول بىلەن بىۋاستە تۇتۇشتىن ئىمكانقەدەر ساقلىنىش، پاكىز بولمىغان بۇيۇملار بىلەن ئۇچراشقاندىن كېيىن، تېزدىن قولنى دېزىنفېكسىيە قىلىش ياكى تازىلىق ھۆل قەغىزى بىلەن ئىككى قولنى پاكىز سۈرتۈش كېرەك. ياخشى تازىلىق ئادىتىنى يېتىلدۈرۈپ، ئۆيگە قايتقاندىن كېيىن دەرھال قول يۇيۇش سۇيۇقلۇقى ياكى ئەتىر سوپۇن بىلەن سۇنى ئاققۇزۇپ تۇرۇپ قولنى يۇيۇش كېرەك.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1-نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)